# 104197 - ئېھراملىق كىشىنىڭ ئېھرامدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى ئېلىشى ياكى قىسقارتىشى توغرىسىدا

## سوئال

ئۆمرە قىلغان كىشىنىڭ ئېھرامدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا چېچىنى ئۆزى قىسقارتىشى شۇنىڭدەك ئايالمۇ چېچىنى ئۆزى قىسقارتسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەج قىلغۇچى ياكى ئۆمرە قىلغۇچىنىڭ ھەج ياكى ئۆمرىنىڭ ئېھرامدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى قىسقارتىشى توغرا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئېھرامدىن چىقىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ چېچىنى قىسقارتىپ قويۇشىمۇ توغرا بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئېھرامدىن چىقىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى قىسقارتسىمۇ ياكى باشقىلار قىسقارتىپ قويسىمۇ بولىدۇ. بەزى ئالىملار: ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى قىسقارتسا ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان بولىدۇ دەيدۇ، بىز بۇنىڭغا قېتىلمايمىز، بىز دەيمىزكى: ئۇ كىشى ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان بولمىدى بەلكى ئىبادەت ئۈچۈن چېچىنى قىسقارتتى". ["شەرھىل مۇمتىئ" 7-توم 328-بەت].

يەنە: ئايال ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى قىسقارتقان بولسا، بۇنىڭغا جازا كېلەمدۇ؟ دەپ سورالغاندا، "ياق جازا كەلمەيدۇ، ئايال ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى قىسقارتسا ياكى ئەر كىشى ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى ئالسا ياكى ئېھراملىق بىر كىشى ئېلىپ قويسا ياكى ئېھرامدىن چىقىپ بولغان بىرسى ئېلىپ قويسا بۇنىڭ ھەممىسى توغرا بولىدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن". [ئايلىق ئۇچۇق سۆھبەت" 42-توم 224-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.